## 21074 ـ تەيەممۇمنى قانداق قىلىدىغانلىقى توغرىسىدا

### سۇئال

ئىنسان سۇ تاپالمىغاندا ياكى سۇ ئىشلىتىشكە قادىر بولالمىغاندا تەيەممۇمنى قانداق شەكىلدە قىلىدۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ رەببى بولغان ئاللاھقا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ۋە قىيامەتكىچە ئۇلارغا ئەگەشكەن كىشىلەرگە ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئىمام بۇخارى ۋە ئىمام مۇسلىم ئەممار ىبنى ياسىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن تەيەممۇمنى قانداق قىلىش توغرىسىدىكى ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان. ئىمام بۇخارى بۇ ھەدىسنى كىتابىدا بىر قانچە ئورۇندا كەلتۈرگەن. مۇشۇ رىۋايەتلەردىن بىرى "پەتھۇلبارى" 1-توم 455-بەتتە: پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ساڭا مۇنداق قىلساڭ كۇپايە قىلىدۇ دەپ ئىككى ئالقىنى بىلەن زېمىنغا ئۇرۇپ ئۈنىڭدىن كېيىن ئىككى قولىنى پۈدىۋېتىپ، ئىككى قولى بىلەن ئىككى ئالىقىنىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى، ئۈنىڭدىن كېيىن يۈزىنى سىلىدى».

ئەبۇ دۇۋۇد "ئەۋنىل مەبۇد" 1-توم 515-بەت 317-ھەدىستە بۇخارىنىڭ ئىسنادى بىلەن كەلتۈرۈپ، پەقەت بۇخارىينىڭ ئۇستازى" مۇھەممەد بىنى سالام" نىڭ ئورنىغا مۇھەممەد بىنى سۇلايمان ئەنبارىنى كەلتۈرگەن.

ھاپىز بىن ھەجەر "ئەت تەقرىيب" 2-توم 167-بەتتە ئۇ كىشىنى "راستچىل" دېگەن، ئۇ كىشىدىن بايان قىلىنغان ئىسنادتىكى لەپزى: «قولىنى زېمىنغا ئۇردى، قولىنى سىلكىۋەتتى، ئۈنىڭدىن سول قولى بىلەن ئوڭ قولىنى سىلىدى، ئوڭ قولى بىلەن سول ئالقىنىنى سىلىدى، ئۈنىڭدىن كىيىن يۈزىنى سىلىدى».

ھاپىز بىن ھەجەر "پەتھۇل بارى" 1-توم 457-بەتتە ئىسمائىلدىن بۇ لەپزى بىلەن رىۋايەت قىلغان: «ھەقىقەتەن ساڭا ئىككى قولۇڭنى زېمىنغا ئۇرۇش ئۈنىڭدىن كېيىن قولۇڭنى سىلكىۋېتىپ، ئۈنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولۇڭ بىلەن سول قولۇڭنى، سول قولۇڭ بىلەن ئوڭ قولۇڭنى ئۈنىڭدىن كېيىن يۈزۈڭنى سېيلىساڭ كۇپايە قىلاتتى» دېگەن.

شەنقىتىي"ئەزۋائۇل بايان" 2-توم 423-بەتتە بۇخارىنىڭ بۇ ھەدىستىكى رىۋايىتىدە ئىككى قولنى يۈزىدىن بۇرۇن سىلاش دەپ كەلگەن دەيدۇ.

شەيخۇل ئىسلام ئىبنى تەيمىيە "پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 21-توم 425-بەتتە مۇنداق دەيدۇ: "بۇخارىنىڭ يۈزىنى سىيلاشتىن ئىلگىرى ئالىقىنىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى"دېگەن رىۋايىتى ئوچۇقتۇر.

يەنە بىر رىۋايەتتە بولسا: «ئالىقىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى» دېگەن رىۋايەتمۇ ھەر بىر قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن يەنە بىر قولىنى سىيلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

يەنە"پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 21-توم 425-بەتتە: لېكىن بۇخارى يالغۇز رىۋايەت قىلغان لەپزىدە: «يۈزىنى سىيلاشتىن ئىلگىرى ئىككى ئالىقىنىنىڭ دۈمبىسىنى سىلىدى دېگەننى ئوچۇق بايان قىلىدۇ". ["پەتىۋالار مەجمۇئەسى" 21-توم 422-427-بەتلەرگە قارالسۇن].

مۇشۇنىڭغا ئاساسەن: تەيەممۇم قىلغۇچى: بىسمىللا دەپ تەيەممۇمنى نىيەت قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىككى ئالقىنىنى زېمىنغا بىر قېتىم ئۇرىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوڭ قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن سول قولىنىڭ ئۈستىنى سىلايدۇ، سول قولىنىڭ ئالقىنى بىلەن ئوڭ قولىنىڭ ئۈستىنى سىلايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن يۈزىنى سىلايدۇ، تەيەممۇم قىلىپ بولغاندىن كېيىن تاھارەتتىن كېيىن ئوقۇيدىغان زىكىرلەرنى ئوقۇيدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى ئاللاھ تائالا ياخشى بىلگۈچىدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئاللاھنىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.